# ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىدا مۇقىم ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، تۆرلۈك ئاكتىپ ئامىللار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدا مۇقىم ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات قەدىمى پۇختا، ساغلام بولدى.

### ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مۇقىم قايتا ئاشتى

1 ـ كەسىپ مۇقىم بولدى، 2 ـ كەسىپ ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە يۈكسىلىپ، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگەردى... ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭ ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا كىشىنى رازى قىلىدىغان نەتىجە قەغىزىگە ئېرىشتى.

«ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇلغان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليارد 294 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.7% ئاشتى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى سىجىل قايتا ئېشىپ، ‹ئۈچ چوڭ تۈر› داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك ئېشىشنى ساقلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 3246 كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.0% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى. 6 ـ ئايدىكى ئېشىش سۈرئىتى 12.2%كە يېتىپ، 2014 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن بۇيانقى يەككە ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئېشىش نىسبىتىنى ياراتتى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى شۈ بىن.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى مۇلازىمەت كەسپى كارخانىلىرى ئىشقا ئاشۇرغان تىجارەت كىرىمى 86 مىليارد 819 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.6% تۆۋەنلەپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكىدىن 2.7 پىرسەنت پوئىنت تارايدى؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان تىجارەت پايدىسى 6 مىليارد 160 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 45.8% تۆۋەنلەپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكىدىن 8.8 پىرسەنت پوئىنت تارايدى.

تۆۋەنلەش نىسبىتىنىڭ ئۇدا تارىيىشى مۇلازىمەت كەسپىدە مۇقىم قايتا ئېشىش كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۈ بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قاچىلاش، چۈشۈرۈش، توشۇش ۋە ئىسكىلاتتا ساقلاش كەسپى زور دەرىجىدە ئېشىشنى ساقلاپ، ئىشقا ئاشۇرغان تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 264 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 54.0% ئېشىپ، كۆلەمدىن يۇقىرى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 0.9 پىرسەنت پوئىنت ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكا مۇلازىمەت كەسپى مۇقىم ئېشىپ، ئىشقا ئاشۇرغان تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 16 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.3% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكىدىن 3.6 پىرسەنت پوئىنت ئېشىپ، كۆلەمدىن يۇقىرى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 0.8 پىرسەنت پوئىنت ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىقتىسادنىڭ ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى تۆرلۈك مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى (دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.6% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.3 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى، قۇرۇلۇش تۈر سانى بۇلتۇرقى پۈتۈن بىر يىلنىڭ ئاز كەم 70%گە يەتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ كەسىپ سېلىنمىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 167.1 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ 2 ـ كەسىپ سېلىنمىسى 15.9% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ 3 ـ كەسىپ سېلىنمىسى 29.7% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 23.9 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

### يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى سۈپەت، ئۈنۈمنىڭ قوش ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى

ئىقتىسادنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشى ئېشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى ۋە بەزى كۆرسەتكۈچ خاراكتېرلىك سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئايلىنىشىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئەلالىنىشىدا ئىپادىلەندى.

تۆرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنىڭ پايدىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسى سىجىل كۈچەيىپ، يېڭى ئىقتىساد ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بارغانسېرى گەۋدىلىك رول ئوينىماقتا.

«ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.» شۈ بىن مۇنداق دېدى: «پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.2% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24.0 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛ سانائەت ئىستراتېگىيەلىك گۈللەنمە كەسپلىرى 12.2% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى».

بۇ يىلدىن بۇيان، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئەنئەنىۋى ئىستېمال ۋە كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى بىرقەدەر زور زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن يۇقۇم ئەھۋالى ئاستىدىمۇ يېڭى پۇرسەتلەر بار، مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق سودا، ۋەيمەي قاتارلىق كەسىپلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادقا تىرەك بولۇشتا مۇھىم رول ئويندى ھەم نۇرغۇن كەسىپنىڭ ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

توردا ئىستېمال قىلىش سىجىل ئاشتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە چەكتىن يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ئاممىۋى تور ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان تاماق كىرىمى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.6% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكىدىن 3.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 ـ ئايدا 20.2% ئاشتى؛ چەكتىن يۇقىرى توپ ۋە پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاممىۋى تور ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان تاۋار سېتىشى 27.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 ـ ئايدا 60.9% ئاشتى.

ئالاقە تورى، ئالاقىدار مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولدى. 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقە تورى ۋە ئالاقىدار مۇلازىمەت كەسپى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆلەمدىن يۇقىرى ئالاقە تورىغا ئۇلاش ھەم ئالاقىدار مۇلازىمەت كەسپى 66.7% ئاشتى، ئالاقە تورى سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتى 1.6 ھەسسە ئاشتى، ئالاقە تورى ئويۇن مۇلازىمىتى كەسپى 2.9 ھەسسە ئاشتى.

«يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋەكىللىكىدىكى يېڭى تېخنىكىلار تېز تەرەققىي قىلدى، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى ئېشىشىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېدى شۈ بىن.

### ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى پۇختا، كۈچلۈك بولدى

بىر تەرەپتىن، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مال باھاسى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى كاپالىتمۇ پۇختا، كۈچلۈك بولدى.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 339 مىڭ 700 ئادەم بولۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 75.5%ى ئورۇندالدى؛ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 2 مىليون 565 مىڭ ئادەم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 95.0%ى ئورۇندالدى؛ شەھەر ـ بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلاردىن 31 مىڭ 600 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 79.1%ى ئورۇندالدى، شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىرقەدەر ياخشى ئورۇندالدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇش ئاساسىدا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 17 مىڭ 97 يۈەنگە يېتىپ، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ پەسىلدىكى 1.7% تۆۋەنلەشتىن 1.2% ئېشىشقا ئۆزگەردى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 2066 يۈەن بولۇپ، 7.7% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 4.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

پۇقرالارنىڭ قولىدا پۇل بولغاندىلا، ئاندىن ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال بازىرىدا تېز جانلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇلغان جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 134 مىليارد 397 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 17.8 پىرسەنت پوئىنت تارايغان. 4 ـ ئايدىن بۇيان، چەكتىن يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىدا ئۇدا ئۈچ ئاي شۇ ئايدا مۇسبەت ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6.3%، 10.6% ۋە 13.7% ئېشىپ، جەمئىي تۆۋەنلەش نىسبىتى سىجىل تارايغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاھالە ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى (CPD)مۇ مۆتىدىل ئۆرلەش ئارىلىقىدا تۇرماقتا. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالە ئىستېمال باھاسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.2% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 1.6 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەن بولدى.

بۇ يىل دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىل. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭ تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 139 مىڭ نامرات ئائىلىگە 4 مىليارد 446 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى تارقاتتى؛ 1 مىليارد 458 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 207 يېزا بەخت قورۇسى تۈرى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

«ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز چىقارغان بىر قاتار مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان قوللاش ۋە يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېگىشلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى جارى قىلدۇردى.» شۈ بىن مۇنداق دېدى: «لېكىن بىز يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا يەنە بەزى ئېنىقسىز ئامىللارغا دۇچ كېلىۋاتىمىز، كېيىنكى قەدەمدە، ھەرقايسى جايلار يەنە ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىي ئايلىنىشتا تېخىمۇ ياخشى جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك».

## پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىمگو رايونى شۈيتاشەن كوچىسى شىنفاڭ مەھەللىسى ۋە شىمگو رايونى خۇاگاۋاڭ كوچىسى مېيفېڭ مەھەللىسى جىڭخېيۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا، شۆھرەت زاكىر نەق مەيداندا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنىڭ ئالدىنقى كۈندىكىدىن زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىنى ئىگىلىگەندە، شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا بولۇپ، جەزمەن «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش» «تەكشۈرۈشنى خالىسىلا تولۇق تەكشۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە مەھەللە كادىرلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈچنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، خادىملارغا نومۇر بېرىش، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئىلمىي، دەل جايىدا، كۈچلۈك، تەرتىپلىك كۈچەيتىپ، خىزمەت سۈرئىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتنى تەكرارلىماسلىق، خادىملارنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، تەكشۈرۈشنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ تەكشۈرۈش ھالقىسىدا يۇقۇم بىلەن بەسلىشىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيەلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش تەلپى بويىچە، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرى ۋە «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» پىرىنسىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئىلمىي، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ھەرقايسى مەھەللىلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەش مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك؛ تەكشۈرۈش نەق مەيدان تەرتىپىنى تەرتىپلىك تەشكىللەپ، ياخشى قوغدىشى كېرەك؛ تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆزى مۇداپىئەلىنىش ئېڭى ۋە يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قەتئىي ياخشى قوغدىشى كېرەك. كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۆزى مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

## بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، زىچ جىپسىلاشتۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەلپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى ۋە ئاچقۇچى، خىزمەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، خىزمەت كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، پۈتۈن جەريانلىق باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۆرلۈك خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشۈشىنى تەرتىپلىك قىلىپ، جىپسىلىشىشىنى راۋان قىلىپ، تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئىقتىدارى بويىچە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى بېكىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپىنى ھەر كۈنى كونكرېت كوچا، مەھەللىگىچە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تەقسىملەپ، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش تىزىملىكى شەكىللەندۈرۈپ، ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈرۈپ، يۈرۈشتۈرۈشكە مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايون ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئۇچۇرلارنى تىزىملاش، ئەۋرىشكە ئېلىش، تەكشۈرۈشكە يوللاش، تەكشۈرۈش، نەتىجىنى يوللاش»تىن ئىبارەت ھەرقايسى ھالقىلاردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئىش تەقسىماتىنى، ماددىي ئەشيالارنى سەپلەشنى ئومۇميۈزلۈك ماسلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەم ئەۋرىشكە ئېلىش، كەم تىزىملاش، كەم تەكشۈرۈش، كەم يوللاش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ زىچ جىپسىلىشىشى، راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: خىزمەت يېتەكچىلىكى ۋە دەل جايىدا نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى يىفېي، جاڭ چۈنلىن شۆبە يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى ھەم خىزمەتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈك ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)